## 281829 ـ ئارىيەت ئالغان كىتابنى ۋاقتىدا قايتۇرمىسا جەرىمانە بېكىتىش توغرىمۇ؟

### سۇئال

دەرس ئارىسىدا كىتابخانىلارنىڭ ئارىيەت بېرىلگەن كىتابلارنى بەلگىلەنگەن ۋاقتىدا قايتۇرمىغانلىقى ئۈچۈن جەرىمانە ئېلىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، بۇ توغرىمۇ؟. ئۇنداقتا كىتابخانىدىن ئالغان جەرىمانە پۇلى جازانىنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنامدۇ؟، كىتابخانا كارتىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشتىراك قىلسا، بۇنى خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئىشلەتسە، ھەتتاكى كىتابنى بەلگىلەنگەن ۋاقتىدا قايتۇرسىمۇ بۇ پايدا ئېلىش ئاساسىدىكى ئىناۋەتلىك قەرز كارتىغا ئىشتىراك بولغانغا ئوخشاش بولامدۇ؟. كىتابخانىغا تۆلىگەن جەرىمانە توغرىسىدا نېمە قىلىش كېرەك بولىدۇ؟ ئۆتەلگەن جەرىمانىنىڭ قايسىسى قەرزگە ئالاقىدار بولىدۇ؟، ئوقۇشنى خالىغان كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋېلىش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن كىتابخانىدىن كىتاب ئارىيەت ئېلىش ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان كارتنى ئىشلىتىشنى داۋاملاشتۇرسا توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

كىتاب ئارىيەت ئېلىش توغرا بولىدۇ، ئارىيەت ئالغان كىتابنى ئۆز ۋاقتىدا قايتۇرۇش كېرەك بولىدۇ، سەۋەبسىز كىتابنى ۋاقتىدا قايتۇرمىسا، كېچىكتۈرگەنلىكىگە ئاساسەن جەرىمانە بېكىتسە توغرا بولىدۇ، بۇ كىتابتىن بەلگىلەنگەن ۋاقتتىن ئارتۇق پايدىلانغانلىقنىڭ ھەققى بولىدۇ.

دەسلەپتە بۇ ھەققى ئېلىشقا بىرلىككە كەلگەن بولسا، يەنى كىتابنى كېچىكتۈرسە ھەر كۈنگە مەلۇم مىقداردا ھەق تۆلەشنى پۈتۈشكەن بولسا، پۈتۈشكەن ھەققى بېرىش كېرەك بولىدۇ. ئەگەر دەسلەپتە تۆلەيدىغان ھەققە بىرلىككە كەلمىگەن بولسا، ھەر كۈنلۈكى ئۈچۈن باشقىلاردىن ئالىدىغان مىقدارغا ئوخشاش ئالسا بولىدۇ.

"كەشاپۇل قىنا" ناملىق ئەسەر 4-توم 68-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: مەلۇم جايغا مىنىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇلاغنى ئارىيەتكە ئالسا بولىدۇ، بەلگىلەنگەن جايدىن ئۆتۈپ كەتسە ھەددىدىن ئاشقان بولىدۇ، چۈنكى ئۇ كىشى ئىگىسىنىڭ رۇخسەتسىز بەلگىلەنگەن جايدىن ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ كىشى زىيادە ماڭغان يولغا ئۇلاغنىڭ ھەققىنى بېرىدۇ".

شەيخ ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھدىن: بەزى مەسچىتلەردە كىتابلارنى ئارىيەت بېرىدۇ، كىتابنى بەلگىلەنگەن ۋاقتتىن كېچىكتۈرسە ھەر كۈنلۈكى ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا جەرىمانە ئېلىشنى شەرت قىلىدۇ، ئالغان جەرىمانىنى مەسچىتكە ياكى مەسچىت قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلىدۇ، ھۆرمەتلىك ئۇستاز! بۇنداق قىلىش توغرىمۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ:

شۇنداق بۇ ئىجارىنىڭ جۈملىسىدىن بولىدۇ، كىچىكتۈرسە تۆلەيدىغان ھەق داۋاملىشىدۇ، كىتابتىن مەلۇم مۇددەت پايدىلانغانلىقىنىڭ بەدىلىگە ھەق بېرىدۇ. بەلگىلەنگەن شەرتلەرنى تۈرغۈزۈش، ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىش، كىتابنىڭ ئارىيەت ئالغۇچىنىڭ قولىدا قىلىشىغا سەل قارىماسلىق قاتارلىق ئىشلارغا كىشىلەرنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن بۇنىڭغا گۇناھ بولىدۇ دەپ قارىمايمەن. ئەگەر كىتابنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن تاشقىرى بەش كۈن ياكى ئالتە كۈن ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋاقىت تۇتۇپ قالسا، ئۇ كىشىنىڭ كىتابنى كىچىكتۈرگەنلىكىگە مەلۇم مىقداردا جەرىمانە تۈرغۈزسا، ئاللاھ خالىسا بۇنىڭدا گۇناھ بولمايدۇ." ["نۇرۇن ئەلەددەربى پەتىۋاسى" 11-توم 296-بەت].

يۇقىرىقىلاردىن شۇ ئاشكارا بولدىكى، ئارىيەت ئالغان كىتابنى كىچىكتۈرگەنلىكىگە ئېلىنغان جەرىمانە جازانە شەكلىدىكى جەرىمانە ھېسابلانمايدۇ، چۈنكى ئۇ قەرزنىڭ بەدىلىگە ئالغان پۇل ئەمەس، بۇ پەقەت ئارىيەت ئالغان كىتابنى مەلۇم مۇددەت ئىشلەتكەنلىكىگە ئېلىنغان ھەق ھېسابلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.